## 4523 ـ خانىم-قىزلارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرىسىدا

### سوئال

خانىم-قىزلارنىڭ بىر كېچە-كۈندۈز مۇساپىدىكى سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئايالنى بىر مەھرىمى ئايدۇرۇمغا ئاپىرىپ يولغا سېلىپ قويسا، ئايروپىلان ئون سائەت ئەتراپىدا ئۈچۈپ مەقسەت قىلغان جايغا بارغاندىن كېيىن يەنە بىر مەھرىمى ئالدىغا چىقىپ ئايدۇرۇمدا كۈتۈۋالسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :«ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشى ھالال بولمايدۇ» دېگەن سۆزىگە كۆرە، ئايالنىڭ مەھرەمسىز سەپەرگە چىقىشى توغرا بولمايدۇ.

چۈنكى مەھرەمنىڭ بىرگە بولىشىدىكى مەقسەت: ئايالنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئابرۇيىنى ساقلاش، ئىشلىرىغا ئىگە بولۇشتۇر، بولۇپمۇ يالغۇز سەپەر قىلغاندا ئويلىمىغان ئىشلارغا ئۇچراپ قالىدۇ، سەپەر ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن كىشىلەر سەپەر دەپ ئاتايدىكەن، بۇنداق ئەھۋالدا سەپەرنىڭ ھۆكمى ئەمەلىيلەشتۈرىلىدۇ.

مەھرەمگە ئالاقىدار ئەھكاملار توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 5538 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.